# تام دوختۇرخانىدا

# 汤姆住院



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

本书根据海燕出版社2008年1月第1版，2013年8月第14次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: **ئەركىن ئەمەت**
مۇھەررىرى: **زەينۇر مەمەتتۇرسۇن**
مەسئۇل مۇھەررىرى: **دىلبەر ئابدۇرېھىم**
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: **ئەمرۇللا ئەنۋەر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **رىزۋانگۈل ئابلەت**

## تام ھەققىدە ھېكايىلەر

# تام دوختۇرخانىدا



| | |
|---|---|
| تەرجىمە قىلغۇچى: | مەرىيەمگۈل تۇرسۇن |
| نەشرىيات: | شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى<br>قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| تېلېفون: | 2653927 - 0998 |
| ئادرېسى: | قەشقەر شەھىرى تارىبوغۇز يولى 14 - قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 844000 |
| تارقاتقۇچى: | شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى |
| زاۋۇت: | شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى |
| فورماتى: | 889 × 1194 م م 1/24 |
| باسما تاۋىقى: | 1 |
| نەشرى: | 2015 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى |
| بېسىلىشى: | 2015 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى |
| باھاسى: | 6.50 يۈەن |

**小汤姆系列** تام ھەققىدە ھېكايىلەر

# تام دوختۇرخانىدا

# 汤姆住院

تەرجىمە قىلغۇچى : مەرىيەمگۈل تۇرسۇن




شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



بۈگۈن ئەتىگەن يەسلىدە قورسىقىم ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن، قوشاقنى يادلاپ بېرەلمىدىم.
تولىمۇ ئەپسۇس، ئەسلىدە قوشاقنىڭ ھەممىسىنى ئېسىمدە چىڭ ساقلىۋالغانىدىم.

今天早上，在幼儿园，我没能背完歌谣，因为我肚子疼。真可惜啊，我已经把歌谣全都记住了。



قورسىقىم بەك ئاغرىپ كەتكەچكە، مۇئەللىم ئىنتايىن ئەنسىرىدى. يەسلى باشلىقى كەلدى. ئۇ-مۇ بەك ئەنسىرەپ كەتكەنىدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئەندىشە قىلدى. ئۇلار ئانامغا تېلېفون قى-لىپ مېنى ئالغىلى كېلىشنى ئېيتتى.

我的肚子太疼了，老师很担心。园长来了，她也很担心。大家都很担心。她们给妈妈打了电话，让她来接我。



ئانام مېنى ئۆيگە ئەكەتتى. قورسىقىم يەنىلا ئاغرىۋاتاتتى. دادام ـ ئانام مېنى دوختۇرخانىغا ئاپار-
ماقچى بولدى.

妈妈把我接回家，我感觉肚子还是很疼，爸爸妈妈决定送我去医院。



مەن دادام بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىۋالماقچى بولغان نەچچە پارچە كىتاب، رەڭ بېرىدىغان رە-
سىملىك كىتاب، قارا ماشىنا، كىچىك چاپلاق قەغەز، يەنە تۇكلۇك كۈچۈكۈم بىبونىمۇ سومكىغا
سالدىم. ئانام مېنى ئەسكەرتىپ:
— بەك كۆپ نەرسە ئېلىۋالدىڭمۇ - قانداق؟ — دېدى.

我和爸爸一起挑选我想要带到医院的东西，我把几本书，填色画册，小贴纸，小卡车，还有小绒绒狗彼博都放进包里。“是不是带的东西太多了？”妈妈提醒我。




بىز دوختۇرخانىغا كەلدۇق. دادام ـ ئانام ماڭا ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. لېكىن، مەن يەنىلا بەك قورقۇپ تۇراتتىم.

我们到了医院。爸爸妈妈告诉我，一切都会好的。但是，我还是很害怕。



بۇ يەر دورا پۇراپ تۇراتتى. ئاق خالات كىيگەن بىر ئاچاش كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مېنى كۆرگىلى كەلدى. ئۇ سېستىرا ئىكەن.

— تام، ياخشىمۇسەن، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — مەن سەندىن خەۋەر ئېلىشقا مەسئۇل، ھەرگىز قورقما.


这里有很浓的药味。一个穿白色外衣的阿姨笑着来看我。她是护士。“你好，汤姆。”她轻声地对我说。“我负责照看你，你什么都不要怕。”



سېستىرا ئاچاش مېنى كىچىك بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قان ئالدى.


— مىدىرلىمىساڭلا ئاغرىقنى ھېس قىلمايسەن، — دېدى ئۇ. مەن ئوكۇل ئۇرغۇزۇشقا بەك ئۆچ. لېكىن، مەن قەيسەر بولۇشقا بەل باغلىدىم. يانغا قارىۋالدىم، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتتى. ئۇھ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قاننى ئېلىپ بولدى. ئاچاش مېنى بىر تال كەمپۈت بىلەن مۇكاپاتلىدى.

护士阿姨把我带到一个小房间里，给我抽血。“如果你不动，就不会感到疼。”我讨厌打针，但是，我下决心要勇敢。我转过头，等了一小会儿，嘿，一眨眼，血抽完了！阿姨给了我一块糖，奖励我。




ئانام يەنە مېنى دوختۇرغا كۆرسەتتى. تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن دوختۇر ماڭا:
— ھەممىسى نورمالكەن، — دېدى. مەن ئىچىمدە «ئۇنداقتا دوختۇرخانىغا نېمىگە كەلدىم؟» دەپ ئويلىدىم.

妈妈又带我去看医生。检查完了，医生对我说：“一切都很好。”那我来医院干什么？我心里想。



مەن ئاخىر مېنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان دوختۇرنى كۆردۈم. ئۇ ماڭا مېنىڭ بىر بۆلەك سوقۇر ئۈچەيمنى كېسىپ ئېلىۋېتىدىغانلىقىنى دېدى. سوقۇر ئۈچەي قورسىقىمدىكى ئۇزۇن تۇرۇبا يولىنىڭ بىر بۆلىكى، كىشىلەر بۇ ئۇزۇن تۇرۇبا يولىنى ئۈچەي دەپ ئاتىشىدىكەن. دوختۇر يەنە مېنى ئۇخلىتىپ قويىدىغانلىقى، شۇندىلا ئاغرىقنى ئازراقمۇ ھېس قىلمايدىغانلىقىمنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

最后，我见到了要给我做手术的医生。他告诉我，他要切除一段我的盲肠。盲肠是连在我肚子里的长长管道上的一根小管子，人们把这根长长的管道叫做肠子。医生还对我说，他会让我睡着，一点儿都不会感觉到疼。我希望他说的都是真的。



بۇ ۋاقىتتا يەنە بىر يېڭى سېستىرا ئاچاش كېلىپ مېنى كېسەلخانىغا ئەكىردى.

— ساڭا تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ كارسىبا، — دېدى سېستىرا ئاچاش ماڭا.

كارسىبا ماڭا پەقەت «ياخشىمۇسەن» دەپلا قويدى. ئۇ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناۋاتقاچقا، بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمىدى. ئۇ بەك دوستانىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقنى ماڭا بېرىپ تۇرسا بەك خۇش بولاتتىم.

这时，又来了一位新的护士阿姨，她带我去病房。“我给你介绍，这是卡斯巴。”护士阿姨对我说。卡斯巴对我说了一声“你好”，但是他连头都没有抬，因为他正在玩电子游戏。他好像很友善。我希望他能把他的电子游戏机借给我玩玩。




سېستىرا ئاچاشنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئانام ئۇخلاش كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇپ قويدى. ھازىر تېخى چۈشتىن كېيىن بولغاچقا، ئۇخلاش كىيىمىمنى ئالماشتۇرغۇم يوق ئىدى. بۇ چاغدا يەسلىدىكى كىچىك دوستلار ھويلىدا ئويناۋاتاتتى.

在护士阿姨的建议下,妈妈帮我换上睡衣。可现在是下午呀,我可不想穿睡衣！这会儿,幼儿园的小朋友们正在院子里玩呢！




بىز كاسپار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇ ماڭا ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاچقا، دوختۇر-
خانىدا خېلى ئۇزاق تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مېنىڭچە، مەن بەك بەختلىك ئىكەنمەن، چۈنكى مەن
سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قالغانىدىم، بۇ ئانچە ئېغىر كېسەل ئەمەس.

我们和卡斯巴聊天。他告诉我他得了很重的病，得在医院里住很长时间。我想，我挺幸运的，因为我得的是阑尾炎，这可是一点儿也不严重的小病。




قاراڭغۇ چۈشتى. دوختۇرخانىنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپ سەل قورقتۇم. ھەر ھالدا ئانام يېنىمدا بار، ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ماڭا ھېكايە ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. مەن مۇشۇنداق ئۇخلاشقا بەكلا ئامراق. شۇنداق راھەت ھەم خاتىرجەم ياتىمەن.

天黑了。躺在医院的床上我有点儿害怕,还好,妈妈在这儿。她一边抓着我的手,一边给我读故事。我特别喜欢这样睡觉。我感觉很好,感觉很安心。




سېستىرا ئاچاش مېنى سەھەردىلا ئويغىتىپ دورا ئىچىشىمنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن ناشتا قى-لىۋېلىشنى سورىسام، ئۇ ئاۋۋال ئوپېراتسىيەخانىغا بېرىپ كېلىپ، ئاندىن تاماق يەيدىغانلىقىمنى ئېيتتى.

早上,护士阿姨很早就把我叫醒了,让我吃药。我向她要早餐,可她告诉我,我们要先去手术室,回来再吃饭。




مەن چاقلىق كارىۋاتتا ياتقۇزۇلۇپ ئۇزۇن كارىدوردىن ئۆتتۇم. مەندە ئاجايىپ بىر خىل سېزىم پەيدا بولۇپ، ئەمدى قورقماس بولدۇم. مەن تېخى بېشىمنىڭ ئازراق قېيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. دوختۇر ماڭا بۇ دورىنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنى دېدى.

我躺在一个带轮子的床上，穿过长长的走廊。我有种奇怪的感觉，我不再害怕了。我甚至觉得头有点儿发晕。医生对我说，这是药物的作用。




ئوپېراتسىيە ئۆيىدە مەن ئۆزۈمنى خۇددى ئۇچار تەخسىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ھەممەيلەن يۈزىگە ئوخشاش يېشىل ماسكا تاقىۋالغان بولۇپ، بېشىدىمۇ ئوخشاش پوسما تۇراتتى. بەكلا غەلىتە ئىكەن.

在手术室里，我感觉好像进入了飞碟。每个人脸上都戴着绿色口罩，头上戴着同样的帽子。这太奇怪了。




مەن قايتىدىن ئويغانغان ۋاقتىمدا، دادام ـ ئانامنى كۆردۈم. ئۇلار ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن ئاللىقا ـ
چان كېسەلخانىغا قايتىپ كەلگەنىدىم. ۋۇي، ئوپېراتسىيە تۈگەپتۇ ـ دە، مېنىڭ ئۇلارغا بەكلا گەپ
قىلغۇم بار ئىدى. بىراق، بەك ئۇيقۇم كېلىپ تۇراتتى.

当我再次睁开眼睛的时候,看见了爸爸妈妈,他们正在看着我。我已经回到了病房。怎么,手术已经做完了?我真想跟他们说说话,但我更想睡觉。




قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىنتاڭ، ئاغرىقتىن ئويغىنىپ كەتتىم...... دادام يۈزلىرىمنى بوشقىنە سىلاۋاتاتتى. كارسبا ماڭا ئوپېراتسىيەدىن كېيىن غەلىتە بىر خىل سېزىم بولىدۇ دېگەنىدى. ئۇ-نىڭ دېگىنى راستكەن.

又过了不知多久，我被疼醒了……爸爸轻轻地抚摸着我的脸。卡斯巴跟我说过，手术后会有种很奇怪的感觉。他说得对。



مەن ئاستا ـ ئاستا تاماق يېيەلەيدىغان بولۇپ، بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشىلاندىم. لېكىن چاتاق يېرى شۇكى، يارا ئېغىزى بولغاچقا، كۈلسەم بولمايتتى. كارسىبا دائىم مېنى كۈلدۈرۈپلا يۈرەتتى.

慢慢地我可以吃点东西，感觉也好多了。麻烦的是，因为刀口我不能笑，可卡斯巴老逗我笑。




ئەتىسى سېسترا ئاچاش مېنى يۆلەپ كارىدوردا بىرنەچچە قەدەم ماڭغۇزدى، لېكىن يەنىلا ئازراق ئاغرىۋاتاتتى. مەن خۇددى قېرى بوۋايلاردەك ناھايىتى ئاستا مېڭىۋاتاتتىم.

第二天，护士阿姨扶我起来，让我在走廊里走几步。可还是有点儿疼，我感到我就像个老爷爷，走得很慢很慢。



كارسىبا بىلەن ئىككىمىز ئويۇنچۇقخانىغا كەلدۇق. مەن ئۇنىڭ بىلەن نەرسە سېتىۋالىدىغان ئويۇنلارنى ئوينىيالمايتتىم. چۈنكى، بەدىنىم يەنىلا ئازراق ئاغرىۋاتاتتى، لېكىن مېرانى ۋە مارىلار بىلەن رەسىم سىزىپ، رەسىم بوياش ئويۇننى ئوينىيالايتتىم.

我和卡斯巴一起来到游戏室。我不能跟他玩卖东西的游戏，因为我还有点儿疼。但是，我可以和梅拉妮、玛丽一起画画、涂色。



دوختۇر ماڭا يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن، بۇرۇنقىدەك نورمال ھەرىكەت قىلسام بولىدىغانلىقىنى دېدى. بۇ مېنى ناھايىتى خۇش قىلدى. قاراڭلار، مەن نېمىدېگەن قەيسەر- ھە!
دوختۇرخانىدا مەن يەنە نۇرغۇن يېڭى ئاداشلار بىلەن تونۇشتۇم.

医生说，再过几天，我就可以像以前一样活动了。这太让我兴奋了。看我多勇敢！在医院我还交了好多新朋友呢。




بۈگۈن مەن بالنىستتىن چىقىپ ئۆيگە قايتماقچى بولدۇم. ھەقىقەتەنمۇ خۇش بولۇۋاتىمەن! لې-
كىن، كارسىبانىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ، مېنىڭمۇ كېتىشكە كۆزۈم قىيمىدى.
مەن كىچىك ماشىنامنى ئۇنىڭغا بەردىم. يەنە پات - پات كېلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇرىدىغانغا ۋەدە بەردىم.
خەير - خوش، كارسىبا، سېنى يەنە كۆرگىلى كېلىمەن.

今天,我要出院回家了！ 真是太高兴了！ 看到卡斯巴伤心的样子,我又有点儿舍不得走。我把我的小卡车送给了他,并许诺我会经常到医院看望他,再见,卡斯巴！ 我会来看你的。

图书在版编目(CIP)数据

汤姆住院：维、汉 / (法) 马斯尼编著；(法)巴文绘；梅莉，麦尔耶姆·图尔荪译. -- 喀什：喀什维吾尔文出版社，2015.2
（小汤姆系列）
ISBN 978-7-5373-3762-5

Ⅰ. ①汤… Ⅱ. ①马… ②巴… ③梅… ④麦… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－法国－现代 Ⅳ. ①I565.85

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第042973号

策　　划：艾尔肯·艾麦提
编　　辑：再努·麦麦提吐尔逊
责任编辑：迪丽拜尔·阿不都热依木
美术编辑：艾木热拉·艾尼瓦尔
责任校对：热孜玩古丽·阿布来提


小汤姆系列 —— 汤姆住院

| | |
|---|---|
| 翻　译 | 麦尔耶姆·图尔荪 |
| 出　版 | 新疆人民出版社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998-2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路14号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| 开　本 | 889×1194毫米　1/24 开本 |
| 印　张 | 1 |
| 版　次 | 2015年2月第1版 |
| 印　次 | 2015年2月第1次印刷 |
| 定　价 | 6.50元 |

## ئوقۇش يېتەكچىسى

بالىلىرىمىز ئاغرىپ قالسا ئادەتتە ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىمىز. تامىنىڭ ھېكايىسىدىكى دوختۇرخانىدا يېتىشتىن ئىبارەت ئاددىي بىر كەچۈرمىش ئارقىلىق بالىلار-نىڭ پىسخىكىسىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بالىلارنىڭ ئىچكى ھېسسىيا-تىدىكى ئەنسىرەش ۋە قورقۇش قاتارلىق روھىي ھالەتلەرنى ئاددىي بىرنەچچە ئېغىز تەسەللىي بىلەنلا يەڭگىللەتكىلى بولمايدۇ. بالىلار تۇرمۇشتا ئاغرىپ قىلىش، دوختۇرخانىدا يېتىش ۋە باشقا ھەر خىل ئىشلارغا يولۇقۇپ تۇرىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇنداق ۋاقىتتا چوقۇم بالىڭىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئەھۋال سوراڭ. بۇ ھەرقانداق داۋالاشتىنمۇ مۇھىم ۋە پايدىلىق.

—— شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بالىلار مائارىپى تەتقىقات ئورنىدىن جۇ جياشيۇڭ، خۇ يىخۇي



ISBN 978-7-5373-3762-5

定价：6.50元